قەشقەر ۋىلايىتى:

# يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، كۆندىلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاچقان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك كاپالەت تەدبىرلىرىنى پائال قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكەن.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەسەت ئۇرايىم مۇنداق تونۇشتۇردى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، پارتىيەلىك كادىرلارنى پىدائىيلار مۇلازىمەت قوشۇنىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كۈزلۈك، قىشلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق، مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردۇق. ھازىرغىچە، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 46 مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت كاپالىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدۇق. يېزا ـ بازارلارنى كەنتنى بىرلىك قىلىپ، يۇقۇملىنىش خەۋپى بولمىغان، تېخنىكا بىلىدىغان دېھقان ئىشلەپچىقىرىش ماھىرلىرىنى تاللاپ، ئۈچ ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى گۇرۇپپىسى، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش گۇرۇپپىسى، باغ ـ ئورمان تېخنىكا گۇرۇپپىسى قاتارلىق بىرقانچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، خاس زىرائەتلەر ئېتىز پەرۋىشى، خاس باغ ـ ئورمانىنى باشقۇرۇش، قوغداشنى ئىنچىكە تۇتۇشقا يېتەكلىدۇق.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، تۈرلۈك مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتتە، «كەنت سېتىۋېلىش، يېزا يۆتكەپ توشۇش، ناھىيە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش»تىن ئىبارەت سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سىستېمىسىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنىڭ راۋان بولۇشىغا، تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قەشقەر كۆكلەم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال بازىرى، قەشقەر شۇگۇاڭ يېزا ئىگىلىك كۆكتات شەھەرچىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلار ئۇنىۋېرسال بازىرى، يەكەن ناھىيەسى خۇيۈەن بازىرى قاتارلىق ئۈچ 1 ـ دەرىجىلىك كۆكتات توپ سېتىش بازىرىنىڭ كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىش، ساقلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى قوللاپ، ھەرقايسى توپ سېتىش بازارلىرىدىكى دۇكان، سودا سارايلىرى، تاللا بازارلار ھەم زاپاس ساقلاش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كارخانىلىرىنى ئەتراپتىكى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ مال سېتىۋېلىشقا تەشكىللىدۇق. گۆش مەھسۇلاتلىرى تىجارەت كارخانىلىرى بىلەن ئەتراپتىكى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى، سويۇش كارخانىلىرىنىڭ ئۇدۇللىشىپ ئالاقىلىشىشىنى كۈچەيتىپ، كالا، قوي، توخۇ، چوشقا بېقىش، سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن سويۇش مىقدارىنى دەل ۋاقتىدا كۆپەيتتۇق. قاتناش باشقۇرۇش، قاتناش تارماقلىرىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن ئۇدۇللىشىپ ماسلىشىشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ يول يۈرۈش كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىپ، يېشىل يول ئېچىپ، بازار ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ھازىرغىچە، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 2841 كەنت (مەھەللە)تە ئاشلىق ـ ياغ، گۆش، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەش نۇقتىسى (بىۋاسىتە سېتىش دۇكىنى)دىن 3021نى تەسىس قىلىپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدۇق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ شىجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەجرىبىلەر ۋە تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، يوشۇرۇن مەزگىلنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئالدىنقى قاتارلىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مەنپىي چىققان يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىڭ كېيىنكى قاتارلىق تەكشۈرۈشتە نەتىجىسى مۇسبەت چىقىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ياكى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كوناشەھەر ناھىيەسىدە 2 ـ قېتىم بارلىق خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسى ھەقسىز تەكشۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز داۋالاش بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ،

# پۈتۈن كۈچ بىلەن يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكىلەرنىڭ ئېغىر تىپقا ۋە خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىن ئىگىلىشىچە: كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز بىرىنچى ۋاقىتتا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارغا قارىتا تېببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكىلەرنىڭ ئېغىر تىپقا ۋە خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ياڭ يىنىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلەت ئېغىر كېسەل، يۇقۇملىنىش ھەمدە دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ۋاقتىدا كۆپەيتىپ ئەۋەتتى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئاغرىقلارنىڭ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ياش، ياشلار ئىكەنلىكى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى بايقالدى، شۇڭا بىر خىللاشقان، ئۆلچەملەشكەن داۋالاش لايىھەسى قوللىنىلىپ، دۆلەتنىڭ 8 ـ نۇسخىدىكى «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش، داۋالاش لايىھەسى» بويىچە ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون يەنە نەپەس، ئېغىر كېسەل، يۇقۇملىنىش، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىش، پەرۋىش قىلىش، پسىخىكا، تەكشۈرۈش، رېنتگېن، جۇڭيى تېبابىتى ۋە جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش قاتارلىق كەسىپلەردىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى سەپلەپ، دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا مۇتەخەسسىسلەر كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمى ئورناتتى. ئاغرىقلار دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى تېز تاماملاپ، دىياگنوز قويۇشنى مۇكەممەللەشتۈردى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئاغرىق مىساللىرىغا بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ، بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ، بىرمۇبىر ھۆكۈم قىلدى. ئاغرىقلار دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ھەر كۈنى بارلىق ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىتا ھۆكۈم قىلىپ ۋە كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.

«بىز نۆۋەتتە بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىش، يېنىكى بىلەن ئېغىرىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش پرىنسىپى بويىچە دەل جايىدا، ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇناسىپ سىگنال بېرىش سىستېمىسى ۋە سىگنال بېرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورنىتىپ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكىلەرنىڭ ئېغىر تىپتىكىلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق» دېدى ياڭ يىنىڭ.

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئاغرىقلار رايونىنىڭ سېستىرالار باشلىقى ۋاڭ لىشيا مۇنداق تونۇشتۇردى: «بۇ قېتىمقى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تېببىي خادىملار ۋۇخەندىكى يۇقۇمغا قارشى جەڭگە ۋە ئۈرۈمچىدىكى يۇقۇمدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىگە قاتناشقانلار بولۇپ، مول قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە پەرۋىش قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە، بىز ئاغرىقلارنىڭ پسىخىك پەرۋىشى، تۇرمۇش پەرۋىشىگە تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقىنى كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋىرۇس ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بېرىمىز».

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مەۋقەنى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قويۇپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاغرىقلار رايونىنى كۆپەيتىپ، كارىۋاتلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ سەپلەپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەر ۋاقىت يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. نۆۋەتتە، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە داۋالاش دورىلىرى، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى تەييارلىقى تولۇق بولۇپ، بۇ قېتىمقى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇرالايدىكەن.

ياڭ يىنىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

(بېشى 2 ـ بەتتە)

بايراقنى كۆتۈرۈش، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت بۇرچ ـ ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى كۈچىنى كۈچەيتىشنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىيەت كەسىپ سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش، تەبىئەتنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى چېگراسىنى ساقلاش كېرەك. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ساھەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان زامانىۋىلىشىشنى بەرپا قىلىش كېرەك. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، مۇھىت سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ سۈپىتى ۋە مۇقىملىقىنى ئۆستۈرۈپ، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىش كېرەك. تېخىمۇ چوڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ كەڭ ساھەلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ بازار ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سودا ۋە سېلىنمىنىڭ ئەركىنلىشىشى، قولايلىششىغا تۈرتكە بولۇپ، سودىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يەرشارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەقسەتنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورتاق بېيىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلقنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا پائال تاقابىل تۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداپ ۋە يارىتىپ، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك بىلەن غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىخەتەر تەرەققىي قىلىشنى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى توسۇقىنى پۇختىلاش كېرەك. دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىپ، دۆلەتنى بېيىتىش بىلەن ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماشىنىلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، 2027 ـ يىلى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىش سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ئەمەلىي كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى تەڭ قەدەمدە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەت ئىستراتېگىيە سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارى بەرپا قىلىپ، نۇقتىلىق رايونلار، نۇقتىلىق ساھەلەر، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەرنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى پەن ـ تېخنىكا سانائىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، يىرىك پىلان تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياخشى تاشقى مۇھىتنى پائال بەرپا قىلىپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)